# داخۇاڭشەن - ئۈرۈمچى، ئۈرۈمچى - كۈيتۇن يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىنى ئۆزگەرتىپ - كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي لىنىيەسىدە قاتناش باشلاندى

## شىنجاڭنىڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى قوش يۆنىلىشلىك سەككىز ئاپتوموبىل يولى دەۋرىگە قەدەم قويدى

مۇخبىرىمىز **لۇ فېڭباۋ** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى كەچتە، بېيجىڭ - شىنجاڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى (G7)نىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدىكى داخۇاڭشەندىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان بۆلىكىنى ئۆزگەرتىپ - كېڭەيتىپ ياساش تۈرى ۋە لىيەنيۈنگاڭ - قورغاس يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى (G30)نىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ئۈرۈمچىدىن كۈيتۇنگىچە بولغان بۆلىكىنى ئۆزگەرتىپ - كېڭەيتىپ ياساش تۈرىنىڭ ئاساسىي لىنىيەسىدە قاتناش باشلىنىپ، شىنجاڭنىڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى قوش يۆنىلىشلىك سەككىز ئاپتوموبىل يولى دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، قاتناش ئىقتىدارى زور دەرىجىدە ئاشتى.

شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، مۇخبىر ئۈرۈمچى - كۈيتۇن يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىنى ئۆزگەرتىپ - كېڭەيتىپ ياساش تۈرى نەق مەيدانىدا ئىشچىلارنىڭ چارلاپ تەكشۈرۈپ، بۇ تۈرنىڭ ئاساسىي لىنىيەسىدە قاتناش باشلاشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تەييارلىقىنى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

داخۇاڭشەن - ئۈرۈمچى، ئۈرۈمچى - كۈيتۇن يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇق يولى شىنجاڭ بۆلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا شىنجاڭنى ئىچكىرى رايونلار بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان «چوڭ تومۇر». لېكىن بۇ ئىككى يۇقىرى سۈرئەتلىك يولنىڭ ئىشلىتىلگىنىگە كۆپ يىل بولغاچقا، لىنىيە بويىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، قاتناش مىقدارى شىددەت بىلەن ئېشىپ، يول مۇلازىمەت سەۋىيەسى تۆۋەنلەپ كەتكەن. يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىغا پائال تۈرتكە بولۇش، ئۈرۈمچى شەھىرى ئەتراپىدىكى يۇقىرى سۈرئەتلىك يوللارنىڭ قاتناش بېسىمىنى پەسەيتىش ئۈچۈن، 2016 - يىلى 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش - ترانسپورت نازارىتى داخۇاڭشەن - ئۈرۈمچى، ئۈرۈمچى - كۈيتۇن يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىنى ئۆزگەرتىپ - كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشىنى رەسمىي باشلىدى، بۇ تۈر ئەسلىدىكى يول ئاساسىدا ئۆزگەرتىلىپ، ئەسلىدىكى تۆت ئاپتوموبىل يولى سەككىز ئاپتوموبىل يولىغا ئۆزگەرتىپ - كېڭەيتىپ ياسالدى، ئومۇمىي مۇساپىسى 359 كىلومېتىر.

شىنجاڭ جيۇجوۋ خېڭچاڭ تەمىنلەش زەنجىرى باشقۇرۇش پاي چەكلىك شىركىتىدە 1300دىن ئارتۇق ترانسپورت ئاپتوموبىلى بار بولۇپ، ئاساسلىقى ئۈرۈمچى ئەتراپىدا كۆپ مىقدارلىق ماللارنى توشۇيدۇ. كېڭەيتىلگەن يۇقىرى سۈرئەتلىك يولغا قاراپ، شىركەتنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى جياڭ چيۈيى خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: «بۇنىڭدىن كېيىن يۈك ئاپتوموبىللىرىنىڭ قاتنىشى تېخىمۇ بىخەتەر بولۇپلا قالماي، توشۇش تەننەرخىمۇ تۆۋەنلەيدۇ».

ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش - ترانسپورت نازارىتىنىڭ كادىرى جېڭ مىڭچۈەن مۇنداق دېدى: داخۇاڭشەن - ئۈرۈمچى، ئۈرۈمچى - كۈيتۇن يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىنى ئۆزگەرتىپ - كېڭەيتىپ ياساش تۈرىنىڭ ئاساسىي لىنىيەسىدە قاتناش باشلانغاندىن كېيىن، كۈندىلىك قاتناش ئىقتىدارى ئەسلىدىكى 40 - 30 مىڭ ئاپتوموبىلدىن 100 - 80 مىڭ ئاپتوموبىلغا كۆپىيىپ، شىنجاڭغا كىرىدىغان - چىقىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك يوللارنىڭ قاتناش ئىقتىدارى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىز G7، G30دىن ئىبارەت ئىككى چوڭ يولنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىدىكى كۆپلىگەن تۈر قۇرۇلۇشىغا داۋاملىق كۈچ چىقىرىپ، «شىنجاڭغا كىرىش - چىقىشنى تېزلىتىش، شىنجاڭ ئىچىنى ھالقىسمان تۇتاشتۇرۇش» نىشانىنىڭ تېز ئىشقا ئېشىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

# پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ دەم ئېلىش كۈنىدىكى ساياھەت مۇلازىمىتى كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى ئېچىلدى

مۇخبىرىمىز **لىيۇ شياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ دەم ئېلىش كۈنىدىكى ساياھەت مۇلازىمىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى ئېچىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: دۆلەت بايرىمى مەزگىلىدە ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار مۇلازىمەتنى كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش جەھەتتە زور كۈچ سەرپ قىلىپ، تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ، كەڭ ساياھەتچىلەرنىڭ راھەت ھېس قىلىش دەرىجىسى ۋە رازى بولۇش دەرىجىسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈشى كېرەك. بازار تەرتىپىنى قاتتىق قېلىپلاشتۇرۇپ، ساياھەت مۇلازىمىتى مۇھىتى ۋە ساياھەت مۇلازىمىتى بازىرى تەرتىپىنى مەخسۇس تۈزەش ھەرىكىتىنى داۋاملىق كۈچەيتىش كېرەك؛ قاتناش - يول يۈرۈش كاپالىتىنى كۈچەيتىپ، ئاۋىياتسىيە جەھەتتە رايون ئىچىدىكى ساياھەت قىزىق نۇقتا شەھەرلىرى تارماق لىنىيە ئايرودۇروملىرى ئارىسىدا ئايلىنىپ ئۇچۇش، چاتما ئۇچۇش ئاۋىياتسىيە لىنىيەلىرىنى ئېچىش، نۆۋەتچى ئايروپىلانلارنى كۆپەيتىش، تۆمۈريول جەھەتتە پويىزنىڭ قاتناش ۋاقتىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، تاشيول جەھەتتە ساياھەت تاشيولى ئايلانما لىنىيەسىنى راۋانلاشتۇرۇش، ئاچقۇچلۇق ساياھەت تۈگۈنلىرىدىكى قاتناش قىستاڭچىلىقى مەسىلىسىنى ۋاقتىدا ياخشى ھەل قىلىش كېرەك؛ ئۇچۇر مۇلازىمىتى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، رادىيو، تېلېۋىزىيە، يانفون قىسقا ئۇچۇرى، ئۈندىدار، مىكروبلوگ قاتارلىق ئەنئەنىۋى تاراتقۇ ۋە يېڭى تاراتقۇ بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، دەم ئېلىش كۈنىدىكى ساياھەت قاتنىشى، ھاۋارايى ئۇچۇرلىرى ۋە مەنزىرە رايونلىرى، ساياھەتچىلەر زىچ توپلاشقان رايونلارنىڭ ئالدىن ئەسكەرتىش ئۇچۇرلىرىنى ۋاقتىدا ئېلان قىلىش كېرەك؛ مەنزىرە رايونلىرىنىڭ مۇلازىمەتكە كاپالەتلىك قىلىشنى ئەلالاشتۇرۇش، ھەرقايسى چوڭ مەنزىرە رايونلىرى شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، مۇلازىمەت قىلىش، كۆتۈۋېلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ساياھەتچىلەرنىڭ «غىزالىنىشى، قونۇشى، يول يۈرۈشى، ساياھەت قىلىشى، مال سېتىۋېلىشى، كۆڭۈل ئېچىشى»نى ياخشى كاپالەتلەندۈرۈشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ھەرقايسى جايلار تەشكىللەش، رەھبەرلىك قىلىش ۋە ماسلىشىش، ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىپ تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، ھەر مىللەت ئامما ۋە كەڭ ساياھەتچىلەرنىڭ دەم ئېلىش مەزگىلىنى شاد - خۇرام، ئىناقلىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆت خاھىش»نى تۈزەش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى ئاچتى

# قەتئىي بوشاشماي، سىجىل كۈچەپ، «تۆت خاھىش»نى دەل جايىدا تۈزەش كېرەك

مۇخبىرىمىز **جاۋ جىيۈن**، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **ۋاڭ نىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆت خاھىش»نى تۈزەش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياڭ شىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى يەنىمۇ ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، «ھەرگىز يول قويماسلىق» روھى بىلەن «تۆت خاھىش» مەسىلىلىرىگە قارشى قەتئىي ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە پارتىيە ئىستىلى، ھۆكۈمەت ئىستىلى ۋە كادىرلار ئىستىلىنىڭ يەنىمۇ ياخشىلىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ، پارتىيەنىڭ ئۇزاق مۇددەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىنىڭ سىياسىي ئاساسىنى ئۈزلۈكسىز پۇختىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئىگىلەپ، نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەخسۇس تۈزەشنى چىڭ تۇتۇپ، رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە ئەزالىرىنى، ئادەم، پۇل، مالنى باشقۇرىدىغان تارماقلار ۋە خىزمەتچى خادىملار قاتارلىق ئاچقۇچلۇق توپنى چىڭ كۆزلەپ، كونكرېت مەسىلىلەرنى تۇتۇپ، ئالاقىدار كەسپىي تارماقلارنىڭ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ئاممىنى نازارەت قىلىشقا يېتەكلەپ، «تۆت خاھىش»نى دەل جايىدا تۈزەشكە سىجىل كۈچىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى كەسكىن ئىدىيە، قاتتىق ئۆلچەمنى باشتىن - ئاخىر سىڭدۈرۈپ، يۇقىرى بېسىم ھالىتىنى ساقلاپ، «تۆت خاھىش» مەسىلىسىگە دائىر يىپ ئۇچلىرىنى چوڭقۇر قېزىپ، ئىنچىكە تەكشۈرۈپ، نۇقتىلىق بىر تەرەپ قىلىشى؛ نازارەت قىلىش، ئىنتىزام ئىجرا قىلىشتىكى «تۆت خىل ھالەت»نى چوڭقۇر تەتبىقلاپ، نازارەت قىلىش، ئىنتىزام ئىجرا قىلىش جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشنى بەلگىلىمە، ئىنتىزام، قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، «چىرىكلىشىشكە پېتىنالماسلىق، چىرىكلىشەلمەسلىك، چىرىكلىشىشنى ئويلىماسلىق»نى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىپ، «تۆت خاھىش»نى دەل جايىدا تۈزىشى كېرەك.

يىغىندا ئۈچ ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ تۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن ئىككى ئاپپاراتىدىكى مەسئۇل يولداشلار پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى.



9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، بۆگۈر ناھىيەلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۆگۈر بازىرى يىغىنباغ كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى كەنتتىكى پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار، ھەر مىللەت دېھقان - چارۋىچىلار بىلەن «قىزىل ناخشا ئېيتىپ ۋەتەننى مەدھىيەلەش» باش تېما پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلىدى. □ تۇرسۇن ئوسمان فوتوسى

(بېشى 5 - بەتتە)

شىنجاڭ سەنئەت شۆيۈەنى پارتكومى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى جوۋ داجياڭ مۇنداق دېدى: «مەكتەپ ‹ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش› باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، كۆپ خىل شەكىلدىكى ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيەسى ئارقىلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ مول تۆھپىلىرى، ئۇلۇغ نەتىجىلىرىنى ياد ئېتىپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار ھەم ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ پارتىيەنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتىنى كۈچەيتىپ، ئۈن - تىنسىز تەسىر كۆرسىتىش كۈچى بىلەن تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ ئىنقىلابىي قۇربانلاردىن ئۆگىنىشىگە تۈرتكە بولىدۇ».

قەشقەر شەھىرى نەزەرباغ بازىرى چۇمبۇس كەنتىدە، ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى ۋە 100دىن كۆپرەك كەنت ئاھالىسى كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ پائالىيەت ئۆيىدە چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ تېلېۋىزوردىن بىۋاستە تارقىتىشنى كۆردى. ئۇلار مۇنداق بىلدۈردى: قەھرىمانلار - قۇربانلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش كۈچى قوبۇل قىلىپ، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش، ۋەتەن ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشىمىز.

### داۋاملىق كۈرەش قىلىش شانلىق نەتىجە پۈتۈش

قەھرىمانلار - قۇربانلارنى خاتىرىلەش كېيىنكىلەرنى تېخىمۇ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈرمەكتە.

«شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ خاتىرجەم ياشىشى ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ تۆھپىسى ۋە ئەجرىدىن ئايرىلالمايدۇ.» قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى قومۇل مەلۇم ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى جىن يۈلېي مۇنداق بىلدۈردى: يېڭى دەۋردىكى ئىنقىلابىي ھەربىي بولۇش سۈپىتىم بىلەن، تەستە قولغا كەلگەن بۇ بەختلىك تۇرمۇشنى چوقۇم ياخشى قوغداپ، قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىپ، قەھرىمانلارنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئىنقىلابىي روھنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، داۋاملىق كۈرەش قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى، ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش ئىرادىسىنى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشىمەن.

ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى خۇڭمياۋزى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى شىنجۇ مەھەللىسى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى يۈ جىلىڭ مۇنداق دېدى: «بىز چوقۇم ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئارزۇسىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئۇلار قان ئاققۇزۇپ قۇربان بەرگەن ئۇلۇغۋار غايىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرىمىز. قەھرىمانلار - قۇربانلار روھىنىڭ ئىلھامىدا، جان - دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش غايە - ئېتىقادىنى چىڭ ساقلاپ، جۇڭگو خەلقىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈش ئەسلىي مەقسىتى، بۇرچىنى چىڭ ساقلاپ، تۈرلۈك ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاھالىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى تىرىشىپ ئاشۇرىمىز».

«بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەردە، پېشقەدەم كادىرلارغا مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنى چىن قەلبىم، چىن ھېسسىياتىم بىلەن ياخشى ئىشلەپ، پېشقەدەم يولداشلارغا سۇ ئىچكەندە مەنبەنى ئەسلەيدىغان مىننەتدارلىق ھېسسىياتى بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پېشقەدەم يولداشلارغا بولغان غەمخورلۇقى، كۆيۈنۈشىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرىمەن» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى يەن مېي.

لوپنۇر ناھىيەسى شىڭپىڭ بازىرى داشى كەنتى پارتكومىنىڭ شۇجىسى ساۋۇر مەڭلىك ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «دەل ئىنقىلابىي قۇربانلار مىسلىسىز مۇشەققەتلىك كۈرەش قىلغاچقا، ۋەتىنىمىز بۈگۈنكىدەك گۈللەنگەن. بىز ئۇنى ھەسسىلەپ قەدىرلەپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، مەڭگۈ پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلايمىز، پارتىيەگە ئەگىشىپ ماڭىمىز».

**(مۇخبىرلىرىمىز جاڭ يەنفاڭ، جاۋ چۈنخۇا، جاۋ جىيۈن، رېن خۇا، لياڭ لىنخۇا، جاڭ تىڭ، دۇ جيەنخۇي، يې شياۋمىن، جاۋ شىيا، ياڭ شۇخەن، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز جاڭ يىنبو يازغان)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)